


# ئەنۋەر ۋە ئۇنىڭ قوشنا ئائىلىدىكى دادىسى

□ ئانار بولۇت \شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى مېھرىگۈل غوپۇر

يېقىندا، مۇخبىر قاراماي شەھىرى ئورقو رايونىدا ئەنۋەر ئىدرىس ۋە ئۇنىڭ قوشنا ئائىلىدىكى دادىسى شى ۋېنجۇڭنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىدى. 30 نەچچە يىل بۇرۇنلا ئىككى ئائىلە قوشنا ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە ئاللىقاچان بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئايلاندى.

بىر خىل قىزىقىش ھېسسىياتى بىلەن، مۇخبىر ئورقو رايونىنىڭ ئورقو بازىرى چاغان ئوت كەنتىدىكى شى ۋېنجۇڭنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۆي ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، شىرەگە قەنت ـ گېزەك، پېچىنە، ساڭزا، گازىر تىزىپ قويۇلغانىدى، بىر ئائىلە كىشىلىرى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان بولۇپ، ئۆي ئىچى خۇشال كەيپىياتقا چۆمگەنىدى.

33 يىل بۇرۇن، ئەنۋەر تېخى ياش يىگىت ئىدى، كۈنبويى يەپ ـ ئىچىپ ئويناپلا يۈرەتتى، قارشىلىشىش پىسخىكىسى كۈچلۈك بولۇپ، دائىم ئۆيدىكىلەر بىلەن قارشىلىشاتتى. قوشنىسى شى ۋېنجۇڭ بۇ يىگىتنى بەكلا ياقتۇراتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئالغا ئىنتىلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەر قېتىم ئۇنى ئۇچراتقاندا چىداپ تۇرالماي ئۇنىڭغا تەربىيە بېرەتتى. «سەن 18 ياشقا كىردىڭ، ئەمدى خىزمەت تاپمىساڭ كېيىن قانداق تۇرمۇش كەچۈرىسەن؟ پۇل تېپىپ ئۆزۈڭنى باقمىساڭ قانداق بولىدۇ؟ كېيىن يەنە خوتۇن ئالىسەن، يەنە مۇشۇنداق كېتىۋەرسەڭ ئۆمرۈڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىمەمدۇ!»

دەسلىپىدىلا، ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان ئەنۋەر بۇ گەپلەرنى ئەسلا ئاڭلىمىدى. لېكىن شى ۋېنجۇڭ ۋاز كەچمەي، بىر قېتىم ئاڭلىمىسا ئىككى قېتىم، ئىككى قېتىم ئاڭلىمىسا ئۈچ قېتىم تەربىيە بەردى، دەۋەرگەندىن كېيىن، ئەنۋەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىش بولدى.

«ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ ئوغلىدەك كۆرۈپ، چىن كۆڭلىدىن مېنىڭ غېمىمنى يېدى، مەن يەنە مۇشۇنداق كېتىۋەرسەم ئۆزۈمگە مەسئۇل بولمىغان بولىمەن، شۇنداقلا ماڭا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويغان بولىمەن» ئەنۋەر تەدرىجىي قەددىنى رۇسلىدى.

دەسلەپتە، ئەنۋەر ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلالايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، شى ۋېنجۇڭ كۆكتات تېرىشنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ھويلىدا بىر پارچە كۆكتاتلىق ئېچىشقا ياردەملىشىپ، كۆكتات مايسىسى سېتىۋېلىپ ئۇنىڭغا كۆكتات تېرىقچىلىقىنى قولمۇقول ئۆگەتتى. بىر يىلدا، يەردىكى شوخلا، لازا، خاڭگا قاتارلىق كۆكتاتلار ناھايىتى ئوخشاپ، ياخشى باھادا سېتىلدى، ئەنۋەر ئازراق پۇل يىغدى. شى ۋېنجۇڭ تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ، ئەنۋەرنى كۆكتات يېرىنى ھۆددە ئېلىشقا ئىلھاملاندۇردى، ئۇنىڭ ئوڭايسىزلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، شى ۋېنجۇڭ 20 مىڭ يۈەننى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئىلھاملاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: «پەقەت سەن كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىسەڭلا، تاغاڭ چوقۇم سېنى قوللايدۇ، قىيىنچىلىقنى بىز ھەممىمىز بىرلىكتە يېڭەيلى» شى ۋېنجۇڭنىڭ بۇ گېپىدىن ئەنۋەر ناھايىتى تەسىرلەندى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا، ئەنۋەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئارقا ئارقىدىن تۈگەپ كەتتى. ئاللىقاچان ئەنۋەرنى ئۆزىنىڭ بالىسىدەك كۆرگەن شى ۋېنجۇڭ ئۇنىڭغا دادىسىغا ئوخشاش كۆيۈندى، دائىم ئۇنىڭغا قانداق ئادەم بولۇش، ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگەتتى، ئەنۋەرمۇ شى ۋېنجۇڭنى دادىسى ئورنىدا كۆرۈپ، كۆرۈشكەندە دادا دەپ چاقىراتتى، بايراملاردا ھەمىشە جەم بولاتتى، ئىككىسى قويۇق ئاتا ـ بالىلىق مېھر ـ مۇھەببەت ئورناتتى.

شى ۋېنجۇڭنىڭ ياردىمىدە، ھەم ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئەنۋەرنىڭ تۇرمۇشى ئاستا ـ ئاستا توغرا يولغا چۈشۈپ، ئۆيلىنىپ بىر ئوغۇل، بىر قىز پەرزەنتلىك بولۇپ، كۈنلىرىنى بارغانسېرى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى.

ئەنۋەر تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن كەلگۈسى تۇرمۇشىنى پىلانلاۋاتقاندا، 2008 ـ يىلى، تۆت ياشلىق قىزى تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ، دوختۇرخانىدا يېتىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما يىغقان پۇلىنىڭ ھەممىسىگە كۆكتات يېرىنى ھۆددىگە ئالغانلىقتىن، بالىسىنىڭ ئوپېراتسىيە ھەققى بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. ئەنۋەر تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ پۇل ئۆتنە ئېلىش بىلەن پايپېتەك بولۇپ يۈرگەندە، شى ۋېنجۇڭ 30 مىڭ يۈەن پۇلنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ مۇنداق دېدى: «مەن بالىنىڭ بوۋىسىمۇ ئەمەسمۇ؟ بۇنداق چوڭ ئىش چىققاندا، ماڭا دەپمۇ قويماپسەن، بولدى ھېچنېمە دېمە، دەرھال بالىنى داۋالىتايلى!» كۆز ئالدىدىكى بوۋايغا قاراپ، ئەنۋەر تەسىرلەنگەنلىكىدىن كۆز ياشلىرىنى توختىتالمىدى.

ئىككىسىنىڭ ھېسسىياتى دەل مۇشۇنداق كۆيۈنۈش داۋامىدا بارغانسېرى قويۇقلاشتى. شى ۋېنجۇڭنىڭ توختىماي ئىلھام بېرىشى ۋە ياردەم بېرىشى بىلەن، بۈگۈنكى كۈندە، ئەنۋەر ھۆددىگە ئالغان كۆكتات يېرى 120 موغا كېڭەيدى. 2020 ـ يىلى، ئۇ يەنە كەنتتە دېھقانلار ئارامگاھى ئېچىپ، بىر يىلدا 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى. باللىرىمۇ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدى، كۈنلىرى كۈندىن ـ كۈنگە بەختلىك ئۆتتى.

ۋاقىت ئۇچقاندەك ئۆتۈپ، شى ۋېنجۇڭ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى گو شېنسەيمۇ 70 ياشتىن ئاشتى، ئەنۋەر باشتىن ـ ئاخىر شى ۋېنجۇڭنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى ئەستىن چىقارمىدى، ئۆيدە ھەمىشە ئۇنىڭ ئالدىراش يۈرگەن سىيماسىنى كۆرگىلى بولاتتى.

«مەن ھەر كۈنى بۇ ئۆيگە كېلىپ بىردەم ئولتۇرۇپ كېتىمەن، بۇ ئاللىقاچان ئادىتىمگە ئايلىنىپ قالدى. بۇرۇن ئۇلار مېنىڭ غېمىمنى قىلاتتى، ھازىر مەنمۇ بوۋاي ـ موماي ئىككىيلەننى راھەت تۇرمۇش كەچۈرگۈزۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمەن. دادام شى ۋېنجۇڭ سۆز ـ ھەرىكىتى بىلەن ئۈلگە بولدى، مېنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگەم، مەنمۇ تېخىمۇ كۆپ كىشىگە ياردەم بېرىپ، كۆپچىلىك بىرلىكتە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىمىز» دېدى ئەنۋەر.

# يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس ۋاكسىنىسىنى ئەملەشتە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

## مۇداپىئە كۆرسەتمىسى

ئانار بولۇت \شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **چاۋ جىن، سۇ لۇيىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس ۋاكسىنىسىنى نۇقتىلىق كىشىلەر توپى ئارىسىدا ئەملەش باشلاندى، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس ۋاكسىنىسىنى ئەملىگەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟ قانداق كىشىلەر توپى ئەملەشكە ماس كەلمەيدۇ؟ ئاپتونوم رايونلۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى ئىممۇنىتېت پىلانلاش ئورنىنىڭ مۇدىرى دىڭ شيۇخجيې ئەسكەرتىش بەردى.

«ۋاكسىنا ئەملەشتىن بۇرۇن، ۋاكسىنا ئەملەتكۈچىلەر يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى كېسىلى، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس ۋاكسىنىسىغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر ھەم ئەملەش تەرتىپىنى ئالدىن ئىگىلىشى كېرەك.» دىڭ شيۇخجيې مۇنداق دېدى: ۋاكسىنا ئەملەتكەندە، مۇناسىۋەتلىك كىنىشكا (كىملىك، پاسپورت قاتارلىق)لارنى ئېلىۋېلىش ھەم شۇ جاينىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەلىپىگە ئاساسەن، شەخسىي مۇداپىئەنى ياخشى قىلىش كېرەك. نەق مەيداندا ئالدىنى ئېلىش ـ ۋاكسىنا ئەملەش خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ سوئال سورىشىغا ماسلىشىپ، ئۆزىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ۋە ۋاكسىنا ئەملىتىشتە چەكلىنىدىغان ئىشلار قاتارلىق ئۇچۇرلار بىلەن ئەينەن تەمىنلەش؛ ۋاكسىنا ئەملەپ بولغاندىن كېيىن، ۋاكسىنا ئەملەتكۈچىلەرنى 30 مىنۇت قالدۇرۇپ كۆزىتىش، ۋاكسىنا ئەملىگەن ئورۇننىڭ تېرىسىنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاش، ۋاكسىنا ئەملىگەن ئورۇننى قول بىلەن تۇتۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئەگەر گۇمانىي ناچار رېئاكسىيە كۆرۈلسە، ۋاكسىنا ئەملىگەن ئورۇنغا مەلۇم قىلىش، زۆرۈر تېپىلغاندا ۋاقتىدا دوختۇرغا كۆرۈنۈش كېرەك.

«كىشىلەر توپى ئىممۇنىتېت توسۇقى بەرپا قىلىنىشتىن بۇرۇن، قىسمەن كىشىلەر توپى ۋاكسىنا ئەملەتكەن تەقدىردىمۇ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئېڭى ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ.» دىڭ شيۇخجيې مۇنداق دېدى: بىر تەرەپتىن، ۋاكسىنا ئىممۇنىتېتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 100% ئەمەس، ۋىرۇس تارقالغان مەزگىلدە، ۋاكسىنا ئەملەتكەنلەرنىڭ كېسەلگە قوزغىلىشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىممۇنىتېت توسۇقى شەكىللەنمىگەن ئەھۋالدا، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسى يەنىلا ئاسان تارقىلىدۇ. شۇڭا، ۋاكسىنا ئەملىتىپ بولغاندىن كېيىن داۋاملىق ماسكا تاقاش، بولۇپمۇ ئاممىۋى سورۇن، ئادەم زىچ سورۇن قاتارلىق جايلاردا ماسكا تاقاش كېرەك؛ باشقا مۇداپىئە تەدبىرلىرىنىمۇ داۋاملىق ساقلاش كېرەك، مەسىلەن، قول تازىلىقى، ھاۋا ئالماشتۇرۇش، ئىجتىمائىي ئالاقە ئارىلىقىنى ساقلاش قاتارلىقلار.

«يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس ۋاكسىنىسىنى ئەملەش لايىھەسى، ئەملەش كۆرسەتمىسىدە كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلىشتىن بۇرۇن، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس ۋاكسىنىسىنى ئەملەشتە چەكلىنىدىغان ئىشلار ۋاكسىنا چۈشەندۈرمىسى بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.» دىڭ شيۇخجيې مۇنداق تونۇشتۇردى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس ۋاكسىنىسىنى ئەملەشتە چەكلىنىدىغان ئىشلار مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ۋاكسىنا ياكى ۋاكسىنا تەركىبىگە زىيادە سەزگۈرلەر. بەدەن سۇيۇقلۇقى ئېغىر زىيادە سەزگۈرلەر، يەنى باشقا ۋاكسىنا ئەملەتكەندە ئېغىر دەرىجىدە زىيادە سەزگۈرلۈك رېئاكسىيەسى يۈز بەرگەن ياكى تۇنجى قېتىم بۇ ۋاكسىنىنى ئەملەتكەندە زىيادە سەزگۈرلۈك كۆرۈلگەنلەر؛ جىددىي خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار. سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ جىددىي قوزغىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقانلار، كونترول قىلىنمىغان تۇتقاقلىق كېسىلى بارلار ۋە باشقا تەرەققىي قىلىشچان نېرۋا سىستېمىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار، مەسىلەن، گىرېنبالى يىغىندى كېسەللىك تارىخى بارلار؛ قىزىۋاتقانلار؛ ئېمىتىش مەزگىلى ياكى ھامىلدارلىق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان ئاياللار، ۋاكسىنا ئەملىتىپ بولغاندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە پەرزەنتلىك بولۇش پىلانى بارلار ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈپ ئەملىتىشى كېرەك؛ ھازىر ياكى ئىلگىرى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىلىرى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار. 14 كۈن ئىچىدە باشقا ئاكتىپسىزلاشتۇرۇلغان ۋاكسىنىلارنى ئەملەتكەن، 28 كۈن ئىچىدە باشقا زەھىرى ئاجىزلاشتۇرۇلغان تىرىك ۋاكسىنىلارنى ئەملەتكەنلەرگە ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈپ ئەملەش تەكلىپى بېرىلىدۇ، ۋاكسىنا ئەملىتىشتىن ئىلگىرى ھەرقانداق بىئاراملىق ئالامىتى كۆرۈلگەنلەرگە ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈپ ئەملەش تەكلىپى بېرىلىدۇ؛ ۋاكسىنىنى جىددىي ئىشلىتىش ھوقۇقى بېرىلگەن ياش باسقۇچىدىن ھالقىپ كەتكەن كىشىلەر توپى، مەسىلەن، يېشى 18 ياشتىن كىچىك ياكى 59 ياشتىن چوڭلار. جىددىي ئىشلىتىلمىگەن مەزگىلدە، ۋاكسىنا چۈشەندۈرمىسىدە بېكىتىلگەن ماس كېلىدىغان كىشىلەر توپىغا ئاساسەن ۋاكسىنا ئەملەش كېرەك.

«ۋاكسىنا ئەملەشتە چەكلىنىدىغان ئىشلار ۋاكسىنا ئەملەشكە تېگىشلىك بولمىغان ئەھۋاللارنى كۆرسىتىدۇ.» دىڭ شيۇخجيې مۇنداق دېدى: كۆپ ساندىكى چەكلىنىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق، شۇڭا چەكلىنىدىغان ئىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەھۋاللار قايتا مەۋجۇت بولمىغاندا، ۋاكسىنىنى كېيىنرەك ئەملەشكە بولىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، گوۋۇيۈەننىڭ بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ئورۇنلاشتۇرمىسى، تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش»تىن ئىبارەت ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى «تۆت بالدۇر» «تۆتنى مەركەزلەشتۈرۈش» تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆتكەلنى ئالدىغا سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، كۆزىتىپ ـ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملەپ، پۇختىلاپ، تەستە قولغا كەلگەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھازىر، يۇقۇم ۋەزىيىتى كەسكىن، مۇرەككەپ بولۇپ، «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» ۋەزىيىتى ئىنتايىن مۇشكۈل. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار جەزمەن يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، باشتىن ـ ئاخىر خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ھازىرقى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى يەنىمۇ پۇختا تۇرغۇزۇپ، خەۋپ ـ خەتەر ئېڭىنى كۈچەيتىپ، مەسىلە يۆنىلىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىدىيەدە بوشاشماسلىق، تەدبىردە بوشاشماسلىق، مېخانىزمدا بوشاشماسلىق، مەسئۇلىيەتتە بوشاشماسلىقنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ قايتا كۆرۈلۈشىدىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: تورلۇق ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قەتئىي، كەسكىن، دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېپىق ھالقىلىق باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، خەۋپ ـ خەتەر يوچۇقلىرىنى ئېتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەش كېرەك. دىققەتنى «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش»قا مەركەزلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ئورۇن، نۇقتىلىق خادىملارنى ياخشى باشقۇرۇپ، دۆلەت دەرۋازىسىدىن شىنجاڭغا كىرىش دەرۋازىسىغىچە، ئائىلىدىن مەھەللە (ئورۇن) قورۇ دەرۋازىسىغىچە بولغان يېپىق ھالقىلارنى باشقۇرۇشتىكى تورلۇق تەدبىر ۋە ھەرقايسى ھالقىلاردىكى مەسئۇلىيەتنى دەرىجىمۇ دەرىجە چىڭىتىپ، پۇختىلاپ يۇقۇمنىڭ كىرىشىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش كېرەك. «ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش»تا چىڭ تۇرۇپ، دائىملاشقان نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تاللاپ تەكشۈرۈشنى يادرو قىلىپ، ئادەم، نەرسە، مۇھىتتىن تەڭ مۇداپىئەلىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك. قاراۋۇللۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتىنى ياخشى قۇرۇپ، ياخشى باشقۇرۇپ، ياخشى ئىشلىتىپ، داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيەسىنىڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئېھتىياجىغا ماسلىشىشى، ئۇيغۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئادەتتە ئىشلىتىشكە قولايلىق، جەڭ مەزگىلىدە ئەسقاتىدىغان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، «كىشىلەرنىڭ يۆتكىلىشىنى ئازايتىش، يول خەتىرىنى ئازايتىش، كىشىلەرنىڭ توپلىشىشىنى ئازايتىش، شەخسىي مۇداپىئەنى كۈچەيتىش» پرىنسىپى بويىچە، قىش، ئەتىياز پەسىللىك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ياخشى تۇتۇش كېرەك. جەڭ ھالىتىنى ھەر ۋاقىت ساقلاپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قوماندانلىق سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەۋپ ـ خەتەر، يوشۇرۇن خەۋپكە ھۆكۈم قىلىپ، تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىش، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تەييارلىقنى پۇختا قىلىش، تەييارلىق بولغان جەڭ قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ليۇ سۇشې، ليۇ جيەنشىن، ۋەن خەيچۈەن يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەتراپتىكى ھېكايىلەردىن ھەمبەھىرلەندۈردى: «باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق دېگەن: بەخت كۈرەش قىلىشتىن كەلگەن، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشتا ساقلاپ تۇرۇشقا، تايىنىۋېلىشقا، تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ، پارتىيەنىڭ سىياسىتى ياخشى بولغان ئىكەن، تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش كېرەك. بۈگۈن مەن كۆپچىلىككە ئىجلىن مودۇن كەنتىدىكى 80 ـ يىللاردا تۇغۇلغان يىگىت جاۋ مىڭنىڭ كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىمەن...»

ناھايىتى تېزلا، «زاكاز» قىلىنغان لېكسىيەنىڭ ئۇلانمىسى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ۋېيشىن توپىدا ھەمبەھىرلىنىلدى، كۆپچىلىك كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ بىر ئېغىز، بۇ بىر ئېغىز سۆزلەپ توردا پاراڭلىشىشقا باشلىدى. «ئەتراپىمىزدا ئىقتىدارلىق كىشىلەر بار، ئۇلاردىن ياخشى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.» «چوڭ داۋلى يوق، ئاممىغا ناھايىتى يېقىن سۆزلەندى، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم.» «بۇ خىل لېكسىيە سۆزلەش شەكلى بەك ياخشى ئىكەن، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئاڭلىغىلى بولىدىكەن».

ئەمما قەيەردە بولسا، نەزەرىيە لېكسىيەسى شۇ يەردە سۆزلەندى. جىڭ ناھىيەسى تارقىتىش ئەندىزىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە پائال ماسلىشىپ، لېكسىيە ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىش، يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئۈن ـ سىن قىسقا دەرسى، ئاۋازلىق ئۇلانما، لېكسىيە ئۈن ـ سىنى، ۋېيشىن ئاممىۋى نومۇرى قاتارلىق ھەرخىل سۇپىلارنى بىرىكتۈرۈپ يوللاش ئارقىلىق، يېڭى تاراتقۇلاردىن پايدىلىنىپ لېكسىيە سۆزلەيدىغان، نەزەرىيەنى جانلىق مىساللاردىن پايدىلىنىپ ئىزاھلاپ چۈشەندۈرىدىغان، سىياسەتنى ئەل ئىچى سەنئەت شەكلىدىن پايدىلىنىپ چۈشەندۈرىدىغان ئاساسىي قاتلام لېكسىيە سۆزلەش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، پارتىيەنىڭ ساداسىنى تور ئارقىلىق تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ يىراق، تېخىمۇ چوڭقۇر يەتكۈزدى.

«ئامما ئاڭلاشنى خالايدىغان، چۈشىنىشنى خالايدىغان مەزمۇنلارغا بىرلەشتۈرۈپ، مەن ئاممىباب، چۈشىنىشلىك تىل، ئاممىغا يېقىن شەكىللەرنى كۆپرەك قوللىنىپ لېكسىيە سۆزلەپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئاساسىي قاتلامدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ يىلتىز تارتقۇزىمەن، كاللىغا، قەلبكە سىڭدۈرىمەن» دېدى ۋۇ سەيشيا.

«بىز لېكسىيە دەرسىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا تېز ئۈنۈم بېرىشنى ئاساس قىلدۇق، ئۈن ـ سىن قىسقا دەرسى ئادەتتە 20 مىنۇت ئىچىدە، قىسقا سىن ئۈن مىنۇت ئىچىدە بولىدۇ. توردا ۋە تور سىرتىدا تارقىتىش چېگراسىنى راۋانلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئاممىنىڭ ئويلىغانلىرى، ئارزۇسى، ئېھتىياجى، ئۈمىدىگە بىرلەشتۈرۈپ، لېكسىيە مەزمۇنىنى تەلەپ بويىچە ‹زاكاز قىلىپ›، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ‹ئادەتتىكى پۇقرالار ئائىلىلىرىگە تېز يەتكۈزىمىز›» دېدى جىڭ ناھىيەلىك ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى يې خۇڭمېي.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)